# 269272 - چېركاۋنىڭ ئۈستىدىكى ئۆيدە ئولتۇرۇشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سوئال

مەن ۋە ئائىلەم سۈرىيەلىك، ئائىلەم بىلەن بىرگە شۋىتسىيەدە تۇرىمەن، بۇ يەردە تۇرالغۇ ئۆي تېپىش مەسىلىسىدە زور قىيىنچىلىق بار، بىز پاك ئىسلام دىنىغا چىن ئىسىلىدىغان كىشىلەردىن بولۇپ، بۇ يەردىمۇ كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىمىز، بىزنىڭ چېركاۋ ۋە ئۇ يەرگە كېلىپ-كېتىۋاتقانلار بىلەن بولغان ئالاقىمىز ياخشى، بىزنىڭ ئاساس نىشانىمىز تونۇشقان كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشقا ئۇرۇنۇش، خرىستىئان كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ ياكى بىرەر سورۇندا بىرگە بولۇپ قالساق، بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك شەكىلدە ئۇلارنى دىنغا دەۋەت قىلىشقا ئۇرىنىمىز، مېنىڭ سوئالىم: چېركاۋنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە بىر يۈرۈش ئۆي بار بولۇپ، ئۇنىڭ چېركاۋنىڭ ياكى زالنىڭ كىرىش ئېغىزىدىن ئايرىم ئىشىك، پەلەمپىيى بار، ئۇلار بىزگە مۇشۇ ئۆينى ئىجارىگە بەرمەكچى بولدى، ئۇلار بىزنىڭ ھەققى مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزنى ئېنىق بىلىدۇ، ئۆي ۋە ئۆينىڭ ئەتراپىدا كرېست دېگەندەك خرىستىئانلىق بەلگىسىدىن ھېچ بىرى تېپىلمايدۇ، ئاشۇ ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ تۇرساق بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىز بۇ سوئالنى ئۇستازىمىز ئابدۇرەھمان ئەلبەرراكقا (ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلسۇن) سۇنغان ئىدۇق، ئۇستاز جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېدى: "سىلەر بۇ ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ تۇرساڭلار بولىدۇ، ئەگەر سۈرەتلەر ۋە خرىستىئانلارنىڭ دىنى بەلگىسى تېپىلىپ قالسا، مۇمكىن بولسا ئۇنى يوق قىلىۋېتىش كېرەك، يوق قىلىۋېتىش مۇمكىن بولمىسا ئۇنى بىر نەرسە بىلەن ئوراپ قويسىمۇ بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.